# ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەيلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشتا خەلققە زىچ تايىنىش كېرەك. ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ خەلق مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىگە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، ئاساسىي قاتلام خەلق ساقچىلىرى، سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتىدىكى دوختۇرلار، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، پىدائىيلار قاتارلىقلار بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇردى. باش شۇجى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنى مەھەللىلەرگە چۈشۈرۈپ، مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بارلىق مەھەللىلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى كۈچلۈك قورغانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشلىنىشىدىلا مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە خەلق ئاممىسىغا زىچ تايىنىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. مەھەللە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە، زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلارنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، جاپادىن باش تارتماي، ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەيدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھنى نامايان قىلدى؛ كەڭ ئامما چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە دائىر تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئاڭلىق قوغداپ، بىرلىكتە يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراشنى توسۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇشتەك ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى نامايان قىلدى.

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىككى بازا بار، بىرى دوختۇرخانىدىن ئىبارەت ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىقلىقا سەۋەب قىلىش بازىسى، بىرى مەھەللىدىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بازىسى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ مەھەللىگە تايىنىشتا، مەھەللە سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇداپىئە سېپى. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىۋاتىدۇ، لېكىن تىنىۋالىدىغان ۋاقىت تېخى كەلمىدى. ھازىر ئاچقۇچلۇق ۋاقىتقا كەلدۇق، جەزمەن چىشنى چىڭ چىشلەپ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. خەلق ئاممىسىغا زىچ تايىنىپ، خەلق ئاممىسىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنىڭ ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىش، ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ مەيدان توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «ئالدىنى ئېلىش»تا، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاممىنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا قوللىشى ۋە قاتنىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئاممىنىڭ چىشنى چىڭ چىشلەپ داۋاملاشتۇرۇشىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. مەھەللىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى داۋاملىق تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈچلىرىنى مەھەللىلەرگە چۈشۈرۈپ، مەھەللە ئاھالىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تەشكىللەپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، بارلىق مەھەللىلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى كۈچلۈك قورغانغا ئايلاندۇرۇپ، بەرداشلىق بېرىش، چىڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، ئەجرنى يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە بىر قىسىم كەسكىن باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش تامامەن زۆرۈر. ھازىرقى بۇ باسقۇچقا كەلگەندە، خۇبېي ۋە ۋۇخەن قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئېغىر بولغان جايلاردىن باشقا جايلاردا ئۆلچەمنى چىڭ ئىگىلەشكە دىققەت قىلىپ، ئامالنىڭ بارىچە ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى كىچىك، ئېلىپ كېلىدىغان قولايسىزلىقلىرى ئاز بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

خەلق تۇرمۇشى مۇقىم بولسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى مۇقىم بولىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەلق تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتۇر. خۇبېي ۋە ۋۇخەن قاتارلىق يۇقۇم ئەھۋالى ئېغىر جايلاردىكى ئاممىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىپ تۇرغىنىغا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بولدى، بەزىبىر دەرد - ئەلەمنى تۆكۈش كەيپىياتىنى چۈشىنىپ، كەڭ قورساق بولۇپ، سىغدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەت سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تولۇق ئويلىشىپ، بازارنىڭ تەمىنلەش - ئېھتىياج ۋە باھا ئەھۋالىنى زىچ كۆزىتىپ، گۈرۈچ، ئۇن، ئاشلىق، ياغ، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات، مېۋە - چېۋە قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سەۋەبىدىن ئۆيدە ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار، قىيىنچىلىقى بار بالىلار، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر، مېيىپلەر قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا قارىتا ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلەشكۈچىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زىيارەت قىلىش، يوقلاشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىنلەش كېرەك. يۇقۇملانغان ئاممىغا ھەرقايسى جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، ئاغرىقلارنى خاتىرجەم داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ ئاغرىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قاتارلىقلارغا بولغان پسىخىكىلىق يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلق ئاممىسىغا مۇلازىمەتچى بولۇشتا قاققان قوزۇقتەك قېتىۋېلىشقا، قاتتىقلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئىشنى ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك قىلىپ، گەپنى ئاممىنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلىپ، ئاممىغا باھاردەك ئىللىق تۇيغۇ بەخش ئېتىش كېرەك.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى نامايان قىلىدىغان سىناق تاش ۋە بىلەي تاش. ئەسلىي مەقسەتنى ھەرگىز ئۇنتۇماي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىمىزگە ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى سىردىشى بولۇپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ھەل قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلساقلا، بىز جەزمەن خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، تېزدىن بۇ مەيدان كۈرەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «2019 - يىل ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دوكلاتى»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ۋاڭ زىمىڭ، جاڭ يۈنلۇڭ)** گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «2019 - يىل ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش دوكلاتى»نى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ئەھۋالىنى پاش قىلدى.

دوكلات كىرىش سۆز، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى ۋە سىياسىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇش، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت ھوقۇق - مەنپەئىتىدە ئاساسىي كاپالەت كەمچىل بولۇش، ئاز سانلىق قوۋملار بوزەك قىلىنىپ چەتكە قېقىلىش، ئاياللار ئېغىر كەمسىتىشكە ۋە زوراۋانلىققا ئۇچراش، ئاجىز توپلارنىڭ ئەھۋالى قىيىن بولۇش، كۆچمەنلەر ئىنسانپەرۋەرلىككە يات مۇئامىلىگە ئۇچراش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىش دېگەن مەزمۇنلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تولۇق تېكىستى تەخمىنەن 20 مىڭ خەت.

دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئامېرىكا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا بولغان تار چۈشەنچىسىنى رامكا، پۈتۈن يەر شارىغا زومىگەرلىك قىلىشتىكى يادرولۇق مەنپەئىتىنى ئۆلچەم قىلىپ، ھەر يىلى توختاۋسىز، ئەپقاچتى ماتېرىياللارغا ئاساسەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ كەمسىتتى، بىراق ئۆزىدىكى ئېغىر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، سىستېمىلاشقان، كىشىلىك ھوقۇققا زور كۆلەمدە دەخلى - تەرۇز قىلغان رەزىللىكلەرنى بىلمەسكە سالدى، پەرۋا قىلمىدى.

دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: ئامېرىكا دۇنيادىكى قورال - ياراغ زوراۋانلىقى ئەڭ ئېغىر دۆلەت. 2019 - يىلى ئامېرىكىدا جەمئىي 415 قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئوققا تۇتۇش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى، جەمئىي 39 مىڭ 52 ئادەم قورال - ياراغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك زوراۋانلىق ۋەقەسىدە ئۆلدى.

دوكلاتتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئامېرىكىدا غەرب دۆلەتلىرى بويىچە باي - نامراتلىقتا بۆلۈنۈش ئەڭ ئېغىر. 2018 - يىلى جىنى كوئېففىتسېنتى ئۆرلەپ 0.485كە يېتىپ، باي - نامراتلىق پەرقى 50 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئامېرىكا مىللىي دارامەتنى تەقسىملەش پەرقىنى سىجىل كېڭەيتىش بىلەن بىللە، داۋالاش، مائارىپ خىراجىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، بىراق جەمئىيەت كاپالىتى بىلەن قاپلاش دائىرىسى تارايدى: 2018 - يىلدىكى ئىستاتىستىكلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدا 39 مىليون 700 مىڭ نامرات نوپۇس بار ئىكەن؛ ھەر كۈنى كەچتە ئاز دېگەندە ئۆي - ماكانسىز 500 مىڭ ئامېرىكىلىق تالادا تۈنەيدىكەن؛ 65 مىليون ئادەم داۋالىنىش خىراجىتى قىممەت بولۇش سەۋەبلىك داۋالىنىشتىن ۋاز كېچىدىكەن.

ئاز سانلىق قوۋملارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئامېرىكىدا ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن دېگەن قاراش قايتا باش كۆتۈردى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاق تەنلىكلەر ھەممىدىن ئۈستۈن زوراۋانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ ئامېرىكا ساقچىلىرىنىڭ ئافرىقىلىقلار پۇشتىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدىغان ۋە ۋەھشىيلەرچە خورلايدىغان دېلولار ئۈزۈلمەي يۈز بەردى، ئافرىقىلىقلار پۇشتىدىن بولغان قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ قامالىش نىسبىتى ئاق تەنلىك قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ 5.9 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

ئاياللار، بالىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە دوكلاتتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئامېرىكىدا ئاياللارنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈش نىسبىتى باشقا يۇقىرى كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭكىدىن 21 ھەسسە يۇقىرى، %70 ئامېرىكا ئاياللىرى يېقىن ھەمراھىنىڭ جىسمانىي ياكى جىنسىي زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان؛ بالىلارنىڭ نامراتلىق مەسىلىسى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، 2018 - يىلىغىچە، ئامېرىكىدا يەنىلا 12 مىليون 800 مىڭ بالا نامراتلىقتا ياشىغان، بەش ياشتىن تۆۋەن نامرات بالىلارنىڭ سانى 3 مىليون 500 مىڭغا يەتكەن.

دوكلاتتا مۇنداق قارالدى: ئامېرىكا ئۆزىنىڭ خەلقئارا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، يەككە تەرەپچىلىكنى يۈرگۈزۈپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپى يادرو قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپ ۋە خەلقئارا سىستېمىنى دەپسەندە قىلدى. ھە دېسىلا «توپتىن چېكىنىپ» «كېلىشىمنى بۇزۇپ»، خەلقئارا مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىپ، يەر شارىۋى ئۆزئارا ئىشىنىش ھەمكارلىق ئاساسىنى تەۋرەتتى؛ كەينى - كەينىدىن «جازالاپ» «قورال ئىشلىتىپ»، دۇنيادىكى نۇرغۇن جايدا داۋالغۇش ۋە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئېغىر ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

(بېشى 1 - بەتتە)

«لياۋ ئۇستام» تۈزلانغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىنجاڭ يىخېڭ يېمەكلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى پېڭ جىڭ بۇ يىللىق سېتىش ۋەزىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ، ئىنتايىن ئىشەنچىسى بارلىقىنى بىلدۈردى.

يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، «لياۋ ئۇستام» مەھسۇلاتلىرى 2 - ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىلمىدى. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، «لياۋ ئۇستام» تۈزلانغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى ئىزچىل ئاشتى.

نائەيسى ئۈرۈمچى چەكلىك شىركىتىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس خادىملىرى «ئۆتكەلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ»، زاۋۇت رايونىغا كىرىپ چىقىدىغان بارلىق خادىملار ۋە ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرگەندىن باشقا، يەنە خام ماتېرىيال سېتىۋېلىش، ئەشيا ئوبوروتى توشۇش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى.

ھازىر ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)دا 33 يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس خادىمى كارخانىلاردا تۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، «بىرگە بىر» دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلار ھەم ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش «يېتەكچىسى»، سىياسەت «تەشۋىقاتچىسى»، شۇنداقلا مەسىلىلەرنى «ماسلاشتۇرغۇچى»، ئىشلەپچىقىرىش «نازارەتچىسى» بولۇپ، كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن چىڭ تۇتتى.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چىن جياڭفېڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس خادىملىرى بۇ رايوندىكى خەلق تۇرمۇشى بىلەن تەمىنلەش تۈرىدىكى كارخانىلار ۋە باشلامچى سانائەت كارخانىلىرىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىدا، تەۋەلىك رايوننى مەركەز قىلىپ، تەۋەلىك رايوندىكى باشقا كۆلەملەشكەن كارخانىلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، پۈتۈن تەۋەلىكتىكى 95 كۆلەملەشكەن كارخانىنىڭ ھەممىسىنى قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئارقىدا قالغان ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا، بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى تىرىشىپ ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

### ئەگىشىپ بېجىرىش، يېتەكلەپ بېجىرىش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش

كوچىلاردا كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان تېز يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ سىماسى شىنجاڭدا نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىپادىسى. بەيشى ئەشيا ئوبوروتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇ بو مۇنداق دېدى: بەيشى تېز يوللانمىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 21 تور نۇقتىسىنىڭ ھەممىسىدە تىجارەت ئەسلىگە كەلدى، ھازىر ھەر كۈنى تارقىتىدىغان پوسۇلكا 65 مىڭ ئەتراپىدا.

بۇ، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) سانائەت باغچە رايونىنىڭ ئەگىشىپ بېجىرىش، يېتەكلەپ بېجىرىش مۇلازىمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. باغچە رايونىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شىن مۇنداق دېدى: ئۇلار كارخانىلارنىڭ ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى تولۇق جەريانلىق ئەگىشىپ بېجىرىپ، ۋاكالىتەن بېجىرىپ، كۆپ قېتىم نەق مەيدانغا بېرىپ كارخانىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.

كارخانىلار ئويلىغاننى ئويلىدى، كارخانىلار ئالدىرىغانغا ئالدىرىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كارخانىلار بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە، سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

كارخانىدا تۇرۇشلۇق خاس ۋەكىل ۋە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئورۇننىڭ قوللىشى بىلەن، شىنجاڭ ۋەنجيا داۋالاش سايمانلىرى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك زاكاز قىلىپ، كارخانىنىڭ ماسكا ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ ئىچىدىكى باشقا ئوخشاش تۈردىكى كارخانىلارنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى.

جۇڭلياڭ كوكاكولا ئىچىملىكى(شىنجاڭ) چەكلىك شىركىتى ئاممىۋى ئىشلار ۋە خەۋەر يەتكۈزۈش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى خې يۈ مۇنداق دېدى: ئالاقىدار تارماقلار كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى بېجىرىشىگە ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنى ۋاقتىدا تولۇق ھەققى ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن قىلدى، ھەرقايسى تارماقلار كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مەخسۇس ئېتىبار بېرىش قەرز پۇلى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

### كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، بىرىكمە كۈچ توپلاش

توشۇش لىنىيەسىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ نەچچە كۈندە، تۈركۈم - تۈركۈملىگەن رۇدىلار ئاقتۇ بەييۈەنفېڭ كانچىلىق چەكلىك شىركىتىدىن شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاقتۇ كېباڭ مانگانچىلىق - ياسىمچىلىق چەكلىك شىركىتىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېيىنكى خام ماتېرىياللىرى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى.

كېباڭ مانگانچىلىقنى ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش ھەم بەييۈەنفېڭ كانچىلىقنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى مەخسۇس كېباڭ مانگانچىلىقىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، كارخانىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى بىرمۇبىر ھەل قىلدى. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچتە، تۇنجى تۈركۈمدىكى 700 توننا رۇدا كېباڭ مانگانچىلىقىغا توشۇپ كېلىندى.

«ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياردىمىدە، بىزنىڭ يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ئىشەنچىمىز بار.» كېباڭ مانگانچىلىق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى تاڭ شياڭياڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە شىركەتنىڭ ئېلېكترولىزلانغان مانگان مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %67 ئېشىپ، 150 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى؛ بۇ يىل ئېلېكترولىزلانغان مانگاندىن 65 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىدۇق، بۇ ئارقىلىق شۇ جايدىكى 400 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ خېڭيۈەن جۇڭخۇي رەڭلىك باسما، ئوراش - قاچىلاش پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭنىڭ باسما، ئوراش - قاچىلاش كەسپىدىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇدا ئىككى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بار. شىركەت ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىشمۇ، سېتىشمۇ جانلاندى، بۇ يىل سېتىش كىرىمىنىڭ 380 مىليون يۈەنگە يېتىشى مۆلچەرلەندى. شىركەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: كارخانىلار ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سىياسىتى، قەرز پۇلغا ئۆسۈم ياردەم پۇلى بېرىش جەھەتلەردە ئەمەلىي نەپتىن بەھرىمەن بولدى، تىجارەت بېسىمى يېنىكلىدى.

كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، كارخانىلارغا ياردەم بېرىشكە دائىر بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى، كۈچىشىگە ياردەم بەردى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنىڭ ھەمتۈرتكە بولۇشى قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرمەكتە.